# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي

18

چارشەنبە

维吾尔文 3 月18日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25004 - سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ پاكىستان زۇڭتۇڭى ئالۋى بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ياڭ يىجۈن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خەلق سارىيىدا پاكىستان زۇڭتۇڭى ئالۋى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئومۇميۈزلۈك غەلبىسىنى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ ئىسپانىيە باش ۋەزىرى سانچېز بىلەن تېلېفونلاشتى

2 - بەتتە

چېن چۈەنگو قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا نامراتلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىدىغان نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تېمىدا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلغان، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئىشەنچنى چىڭتىشتا تەۋرەنمەي، نىشاننى چىڭ كۆزلەشتە بوشاشماي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلدۇ: 3 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن 17 - كۈنگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات، يېڭىسار، قاغىلىق، يەكەن ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ قاتارلىق بۇ يىل نامراتلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىدىغان ئېغىر نامرات ناھىيەلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تېمىدا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلدى. چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، ئىشەنچنى چىڭتىشتا تەۋرەنمەي، نىشاننى چىڭ كۆزلەشتە بوشاشماي، تېخىمۇ چوڭ ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىللە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدىن تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بازىلىرىغىچە، يېزا - كەنتلەردىكى دېھقان ئائىلىلىرىدىن نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىغىچە چېن چۈەنگو ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كەنتلەرگە بېرىپ ئائىلىلەرگە كىرىپ، نامراتلارنى زىيارەت قىلىپ، چارە - تەدبىر سوراپ، نەق مەيداندا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، قەدىمى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نامراتلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىدىغان قېپقالغان ئون چوڭقۇر نامرات ناھىيەگە يەتتى.

«ئۆيىڭىزدە نەچچە جان بار، قانچە مو يېرىڭىز بار؟» «ئىشقا ئورۇنلاشتىڭىزمۇ - يوق، ئاساسلىق كىرىم مەنبەيىڭىز نېمە؟» «كېسەل كۆرسىتىشكە بىر يىلدا قانچە پۇل كېتىدۇ؟ باللارنى ئوقۇتۇشتا يۈكىڭىز بارمۇ؟» ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئېلىجان ئىسمايىل، ھېمىت سەلەي، يۈسۈپ ئەمەت، مەرىيەمنىسا ئەخمەت، ئەخمەت تۇرسۇن قاتارلىق ئاممىنىڭ ئۆيلىرىدە، چېن چۈەنگو كۆيۈمچانلىق بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، ئۇلارنى داۋاملىق تىرىشىپ، ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ، كىرىمنى سىجىل ئاشۇرۇپ بېيىپ، كۈنلىرىنى بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈردى.

ئاقتۇ ناھىيەسى ۋە يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى بازىلىرىدىكى پارنىكلاردا شوخلا، لازا قاتارلىق كۆكتاتلار ياخشى ئۆسكەندى. چېن چۈەنگو پارنىكقا كىرىپ، دېھقانلار بىلەن ئېتىز - ئېرىق باشقۇرۇشى، ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، بازاردا سېتىش، كىرىم، پايدا تەقسىملەش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدا پاراڭلاشتى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۈنۈملۈك ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



3 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن 17 - كۈنگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات، يېڭىسار، قاغىلىق، يەكەن ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ قاتارلىق بۇ يىل نامراتلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىدىغان ئېغىر نامرات ناھىيەلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تېمىدا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلدى. سۈرەتتە: 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، چېن چۈەنگو يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ماڭشىن يېزىسى چاقىردىقوي كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە يۈسۈپ ئەمەتنىڭ ئۆيىدە بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

ئاپتونوم رايون «پىكىر» ئېلان قىلدى

# يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ئاز سوممىلىق رەنىسىز، كېپىلسىز قەرز پۇل تارقىتىلىدۇ

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈگفېينىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاز سوممىلىق كىرېدىت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاش توغرىسىدىكى پىكرى» ئېلان قىلىنغان. «پىكىر»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: بانكا كەسپى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن تەۋەلىكىدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە بەلگىلىك مۇددەتتىكى ئاز سوممىلىق رەنىسىز، كېپىلسىز قەرز پۇل تارقىتىپ بېرىلىدۇ، مالىيەدىن ئۆسۈمنى مۇۋاپىق تولۇقلاپ بېرىدۇ.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىدە، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەردىن قەرز ئېلىش ئارزۇسى بار، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت شارائىتى ۋە مۇناسىپ قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولغانلار، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، سەممىي، لەۋزىدە تۇرىدىغان، قانۇن بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغانلار بىردەك ئاز سوممىلىق كىرېدىت سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. يەككە سودا - سانائەتچىلەر

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر يەكەن ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋەزىپىنى ئىبسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# قەتئىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە ۋاقتىدا، يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلدۇ: 3 - ئاينىڭ 10 - كۈندىن 17 - كۈنگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۆزى مەسئۇل بولغان ئېغىر نامرات ناھىيە يەكەن ناھىيەسىگە بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋەزىپىنى ئىبسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى نەق مەيداندا قانات يايدۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلەپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىيىنغا تېگىش قىلىپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ جەڭ قىلىپ، قەتئىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە ۋاقتىدا، يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئۈرۈمچى - لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قاتارلىق ئۈچ نۇقتىلىق تاشيول تۈرىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ياۋ لۇڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سەپەرۋەرلىك يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى G0711 لىنىيەسىدىكى ئۈرۈمچى — لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، G315 لىنىيەسىدىكى يېتىمبۇلاق - چاقىلىق تاشيولى، G575 لىنىيەسىدىكى باركۆل - قومۇل تاشيولىدا ئومۇميۈزلۈك ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

«قۇرۇلۇش خادىملىرىمىز ۋە ئۈسكۈنىلىرىمىز ئىش ئورنىغا كېلىپ بولدى، ئىشچىلار جىددىي قۇرۇلۇش قىلىۋاتىدۇ. بۇ يىل بىز قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈر ساناق بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈسكۈنە ۋە خادىملارنى كۆپەيتىپ، تۈرلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى جۇڭگو قاتناش شىنجاڭ قاتناش سېلىنما تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لىيۇ خۇڭبو.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل ئون ئايرودرۇم تۈرىنى يېڭىدىن قۇرىدۇ، داۋاملىق قۇرىدۇ

## 3 مىليارد 190 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاش پىلانلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **يى تاۋنىڭ** شىنجاڭ ئايرودرۇم گۇرۇھىدىن ئىگىلىشىچە، 2020 - يىلى، شىنجاڭ ئايرودرۇم گۇرۇھى ئون ئايرودرۇم تۈرىنى يېڭىدىن قۇرىدىكەن، داۋاملىق قۇرىدىكەن، 3 مىليارد 190 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاش پىلانلانغان.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئايرودرۇم گۇرۇھى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، خادىملار، ماتېرىياللار، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئايرودرۇم تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىدۇ

## بۇلتۇر ئېلېكترونلۇق سودىدا 97 مىڭ 400 ئادەم قېتىم نامرات نوپۇسقا مۇلازىمەت قىلىندى




پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېيى خۇڭبي** خەۋەر قىلدۇ: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئېلېكترونلۇق سودىنى كەنتلەرگە كىرگۈزۈشنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، يېزىلارنىڭ ئوبوروت تۈل ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا - بازارلارنىڭ سودا تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان 47 ناھىيەنىڭ ئاممىۋى سۈپەتلىك ماركا، نۇقتىلىق سۈپەتلىك ماركا يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، يېزا - كەنتلەردىكى ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمىتى پونكىت - نۇقتىلىرىنىڭ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا ياردەم بېرىشكە ئىلھام بېرىپ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا كۈچ قوشىدۇ.

«ھازىر توردا زاكاز بىرقەدەر كۆپ، يۇرتىمىزنىڭ يېپىشلىك بارىن گۈلىسى ۋە باشقا خاس قۇرۇق مېۋىلىرى بارغانسېرى كۆپ خېرىدارلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى، سېتىلىش ئەھۋالى يامان ئەمەس.» 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاقتۇ ناھىيەسى بارىن يېزىسى قوغۇنچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەمەتئىمىن ئەمەت تېلېفوندا مۇخبىرغا مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش ②

# شەھەر تۇرمۇشى قىزىپ كەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلدۇ: 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سائەت 8دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، تىرناق گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىنىڭ خوجايىنى لى لۇلۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شياۋشىمېندىن ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ چاڭچۈن ئوتتۇرا يولىدىكى تىرناق گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىغا ماڭدى. «نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يولدا ئاپتوموبىل كۆپ ئەمەس ئىدى، 20 مىنۇت ئەتراپىدىلا بارغىلى بولاتتى، بۇ ئىككى كۈندە ئەتىگەنكى بېسىق مەزگىلگە دۇچ كېلىپ 40 مىنۇت ئەتراپىدا ئاران بېرىۋاتىمەن. مىغ - مىغ ماشىنا ئېقىمىنى كۆردۈم، بۇ خىل تونۇش تۇيغۇ مېنى ناھايىتى خاتىرجەم قىلدى» دېدى لى لۇلۇ.

لى لۇلۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: 3 - ئاينىڭ 14 - كۈندىن باشلاپ، تىرناق گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ھەر كۈنى خېرىدارلار بىلەن تولدى، بەزىدە كەچ سائەت 11دە ئاران ئىشتىن چۈشىمەن. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، بارلىق خېرىدارلار ئالدىن كېلىشىشى كېرەك، 3 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى خېرىدارلار ئىككى كۈن ئىلگىرىلا كېلىشىپ قويغان.




شەھەر ئاھالىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ گۈچۈڭ يولىدىكى دېخۇي ۋەندا مەيدانىدا نەرسە - كېرەك سېتىۋالماقتا (3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تارتىلغان). □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

ئۈرۈمچىگە ئوخشاش، بۇ ئىككى كۈندە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىنىڭ يوللىرىدىكى يۈرۈش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى. ھەربىر شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا، تېز يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئالدىراش سىيماسىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

سائەت 11دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى پوچتىسى يېڭىشەھەر رايونلۇق تىجارەت بۆلۈمىنىڭ پوچتالىيونى چېن خۇا لىيۇشەن تەۋەلىك رايونى لۇدا خەلقئارا ئولتۇراق رايونىدىكى ئاھالىلەرگە تېز يوللانما يەتكۈزۈپ بەردى. شۇ كۈنى ئۇ 153 تېز يوللانما يەتكۈزەتتى. 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنگىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە پوچتىخانىلاردا تىجارەت باشلىغان تور نۇقتىسى 1466 بولغان، ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى 168 يىغىۋېلىش - يەتكۈزۈش بۆلۈمى، 104 جايدىكى پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى نورمال يۈرۈشتۈرۈلگەن، پوچتا كەسپىنىڭ يەتكۈزۈش ھالقىسىدا ئومۇميۈزلۈك تىجارەت باشلانغان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)